يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق



# بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن

## «قۇتادغۇبىلىك» دەرسخانىسى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشىگە يېتەكچى

# بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

爷爷的教导 / 亚尔买买提·塔依尔著. — 乌鲁木齐:新疆大学出版社,2001. 1
ISBN 7 — 5631 — 1307 — X

Ⅰ. 爷… Ⅱ. 亚… Ⅲ. 故事—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. 1247. 8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 03023 号

责任编辑:吐尔逊·阿不都拉

责任校对:玉山江·艾斯卡尔

# 爷爷的教导

亚尔买买提·塔依尔 著

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编:830046)
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 5.625 印张
2001 年 1 月第 1 版 2001 年 1 月第 1 次印刷
印数:0001—5000

ISBN 7 — 5631 — 1307 — X/G·748
定价:8.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆسەيىنجان ئەسقەرى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن

ئاپتورى: يارمۇھەممەت تايىر تۇغلۇق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 5.625
2001 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 5000

ISBN 7 — 5631 — 1307 — X/G • 748
باھاسى: 8.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئەي سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىم، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ هاياتلىق ئۇلۇغلارنى پۇختىلاش ئۈچۈن، ئىش ـ هەرىكەت ۋە يولۇڭلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى هەققىدىكى ‹قۇتادغۇبىلىك› ئەسىرىمنى يادىكار قالدۇردۇم. هەر قاچان يولۇڭلاردىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسىلەر. بۇ مەندىن سىلەرگە قالغان قىممەتلىك مىراس، مىراس سۆزلىرىمنى ئوقۇپ ئەمەل قىلساڭلار، بۇ دۇنيادا ئەزىز ۋە قەدىرلىك بولىسىلەر» (يۈسۈپ خاس هاجىپ).

ئەي، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ 21 ـ ئەسىر دەرۋازىسىغا قەدەم قويغان ئەۋلادلىرى، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇپ باققانمۇ؟ سىز بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇمىغان بولسىڭىز ئۆزىڭىزنى يەنىلا ئۇنىڭ ۋارىسى، يۇقىرى ساپالىق ئوقۇغۇچى چاغلامسىز؟

بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۆزىڭىزنىڭ روهىنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر روهى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىلغار ئىدېئولوگىيىسىنى بىلىشنى خالىسىڭىز، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ جەۋهىرى، بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز بەخت ئەڭگۈشتىرى، مۇقەددەس مەنىۋى يول باشچىنى ئارزۇ قىلسىڭىز، «قۇتادغۇبىلىك» هەقىقىي مەنىۋى ئۇستاز.

ساۋاقداش، دەل يۇقىرىقىدەك زۆرۈرىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەقەلىكى ۋە مەزمۇنىنى سىلەر چۈشىنىپ قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئاممىباب شەكىلدە شەرھلەپ بايان قىلىپ چىقتىم. بۇ بىر تەرەپتىن سىلەرنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۆچراشتۇرۇشقا سىلىنغان ئۆل بولغۇسى، يەنە بىر تەرەپتىن سىلەرنىڭ هازىرقى يولغا قويۇلۇۋاتقان ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە هاياتنى چۈشىنىش، ياشاش قابىلىيىتىڭلارنى ئاشۇرۇش، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆگىنىشتىكى بىر قىسىم بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن ياخشى قوللانما بولغۇسى.

# مۇندەرىجە


يۈسۈپ بوۋامنىڭ ئۈمىدى ...... 1

1. قۇياش خىسلەتلىك شاھ — كۈنتۇغدى ئېلىگ ...... 4

2. ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى ...... 7

تەنبىھ: مۇساپىرلارنى قەدىرلە ...... 8

تەنبىھ: ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ ئالەم سېنىڭكى ...... 8

3. بەخت خىسلەتلىك ئايتولدىنىڭ ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغانلىقى ...... 13

تەنبىھ: يېڭى شەيئى يېڭىلىمەستۇر ...... 15

تەنبىھ: بەخت ...... 17

4. كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ۋەھىمىلىك بېشارەتلەر بىلەن ئايتولدىنى ھەيران قالدۇرغانلىقى ...... 19

تەنبىھ: ئادالەتنى، قانۇننى قوغدا ...... 21

تەنبىھ: ئۆزۈڭ ياخشى بول، ياخشىلارغا قېتىل ...... 23

تەنبىھ: ياخشىلارنى قوللا ...... 25

تەنبىھ: سېنى ياخشى كۆرگەنلەرنى سەنمۇ ياخشى كۆرگىن ...... 26

5. ئايتولدى بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى، پايدىسى بىلەن زىيىنى توغرىسىدا سىرداشقانلىقى ...... 28

تەنبىھ: تىل بايلىقىڭدىن توغرا پايدىلان ...... 30

تەنبىھ: ئانا تىلىڭدىن بەزمىگەيسەن ...... 32

6. ئايتولدىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، بەخت قۇشىنىڭمۇ ئۇچۇپ كەتكەنلىكى ........................................ 34
تەنبىھ: ساغلام چاغلىرىڭنى غەنىيمەت بىل ............ 34
تەنبىھ: هايات قىممەتلىك ............................ 36
7. ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى .................................................. 39
تەنبىھ: ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەتلە ..................... 42
تەنبىھ: ھەسەتخور بولما .............................. 44
تەنبىھ: هاراقنىڭ زىيان ـ زەخمىتى .................. 46
8. ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرغانلىقى .................................................. 49
تەنبىھ: هەر قاچان ئادالەت تەرەپتە تۇر ............... 50
تەنبىھ: ئۆلۈمنى ئۇنتۇما ................................. 52
9. ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ............................................. 54
تەنبىھ: هايا ................................................ 57
تەنبىھ: ئاچ كۆزلۈك بىلەن بېخىللىق قوشكېزەك ... 58
تەنبىھ: پۇل، مەنپەئەت توغرىسىدا .................... 59
10. كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل خۇسۇسىدا سىرداشقانلىقى ..................................... 62
تەنبىھ: ئەقىل تاپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىل ......... 65
11. ئىلىم ـ پەن تەرىپى ................................ 67
تەنبىھ: ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىمدە ......... 68
12. ئىككى زاتنىڭ هاكىمىيەت مەسىلىلىرى ھەققىدە سىرداشقانلىقى ......................................................... 73
تەنبىھ: باش ياخشى بولسا ئەلنىڭ بەختى .............. 76
13. خىزمەتچىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ باش بولغۇچى كىشىنىڭ

ئۈستىدىكى ھەقلىرى ........................................ 79
تەنبىھ: مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىل ........................................ 80
14. ئۆگىدۈلمىشنىڭ دەۋەت ئۈچۈن ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بارغانلىقى ........................................ 85
تەنبىھ: ئۈمىدنى ئۆزۈڭگە قانات قىل .................. 86
15. دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ھەققىدە .......................... 90
تەنبىھ: دوستنى قەدىرلە، دۈشمەندىن ھەزەر ئەيلە ... 91
16. ئودغۇرمىشنىڭ بۇ دۇنيادىن قۇسۇر ئىزدىگەنلىكى ........................................ 97
17. بۇ دۇنيا گۈزەل، بۇ دۇنيا پۇرسەت.............. 98
18. ئودغۇرمىشنىڭ ئىككىنچى قېتىم دەۋەت قىلىنغانلىقى ........................................ 102
19. ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ مۇنازىرىلەشكەرلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇتۇشقانلىقى ............ 104
20. كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى .................. 106
تەنبىھ: تەمە قۇتۇلماس قۇللۇقتۇر ...................... 107
21. ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە ئۆتۈش ھەققىدە ........................................ 110
تەنبىھ: ئۇستازلارنى، ئالىملارنى ھۆرمەتلە.......... 111
تەنبىھ: كەسىپنىڭ ئۆگىيى يوق........................ 116
22. ھېساب ۋە ھېسابات ئىشلىرى توغرىسىدا ...... 119
تەنبىھ: ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە غاپىل بولما ......... 120
23. مېھماندوستلۇق ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش ھەققىدە ............................ 123
تەنبىھ: تەن ساقلىق — پادىشاھلىق .................. 126
24. كۆنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم

دەۋەت قىلغانلىقى ........................................ 132
25. كۆنتۆغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەن-
لىكى، ئودغۇرمىشنىڭ ئىلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ...... 135
تەنبىھ: مەسئۇلىيەتچان بول ........................... 138
26. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگكە ئەلنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى
ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكى.............................. 143
تەنبىھ: بۆگۈنكى ئىشىڭنى ئەتىگە قويما ............... 143
27. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بېرىپ
كېڭەشكەنلىكى ........................................... 149
تەنبىھ: مەسلىھەت — ھەر ئىشنىڭ داۋاسى ......... 152
تەنبىھ: چېقىمچى بولما، چېقىمچىغا ئالدانما ......... 154
28. ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆگدۈلمىشنى
چاقىرتقانلىقى ........................................... 156
29. ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپاتى ............................ 163
تەنبىھ: ئۆزۈڭنى قايغۇ-ھەسرەت بىلەن چىرمى-
ۋالما ...................................................... 165
تەنبىھ: ياشلىق باھارىڭنى بىھۇدە خازان قىلما ...... 169

# يۇسۇپ بوۋامنىڭ ئۈمىدى

ئەي زېرەك، ئەقىللىق ئوغلۇم، ئىستىكىم ئەۋلادلىرىم ئۈچۈن تېگىشلىك سۆزلىرىمنى يادىكار قالدۇرۇش ئىدى. ئەقلىم قارشى قوپۇپ ئېيتتىكى: ئەي يۇسۇپ دىققەت قىلغىن، سۆزۈڭدە يېڭىلىشىپ قالما، يامان ئاتاققا قالىسەن! ئويلاپ كۆرۈپ ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق ئېيتتىم: سۆزلەۋەرگىن، يېڭىلىشىش ئىنسانلارغا خاس خۇسۇسىيەتتۇر. شۇڭا، ئۇ «يالغۇق»[1] دەپ ئاتالغان. بىلىملىك ئوغۇل ھەرگىز ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدۇ. نادان كىشى ياخشى - يامان، توغرا - خاتانى پەرق ئەتمەيدۇ. سەن ئەقىللىق ئەۋلادلىرىڭنىڭ خىزمەتكارى بول! شۇنداق ئوغلۇم، سۆزلىگۈچى ئازىدۇ، يېڭىلىشىدۇ، ئەقىللىقلار كۆزىتىپ ئاڭلايدۇ. سۆز دېگەن چۈلۈك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىگە ئوخشاش قاياققا يېتىلىسە شۇ ياققا كېتىدۇ. شۇڭا، مەن ئۈچۈن سۆزلىرىمنى چۈشىنەلىگەن پەرزەنت ئەڭ قەدىرلىك، ئۇنى جايىدا ئىشلىتەلىگەن پەرزەنت جېنىمدىنمۇ ئەزىز، ئوغلۇم.

ئۇقساڭ، دۇنيادىكى پۈتۈن خاسىيەتلىك ئىشلار بىلىمنىڭ ساخاۋىتىدىن، مىسال ئالساق، بىلىم بىلەن كۆككىمۇ يول ئېلىش مۇمكىن. شۇڭا، ھەر قانداق سۆزنى دېمەكچى بولساڭ بىلىم بىلەن سۆزلە، كىشىلەرنىمۇ بىلىمگە قاراپ قەدىرلە. ئىنسانىنىڭ كۆڭلى تۇۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ، ئۆگەنگەن بىلىملىرى خۇددى دېڭىزدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنى قەلب دېڭىزىڭدىن ئەجىر قىلىپ سۈزۈپ چىقىرىپ ئورۇنلۇق جايغا ئىشلەتمىسەڭ، ئۇ سايدىكى تاشتىن پەرقسىز، قىممەتسىز بولىدۇ.

---

① يالغۇق — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئادەم» دېگەنلىك بولۇپ، «يېڭىلگۈچى» دېگەن مەنىگە ئىگە.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭنى ۋەتەن - خەلقىڭ ئۈچۈن جايىدا ئىشلەتمىسەڭ، ئۇ بىلىمىڭ خەلققە پايدا يەتكۈزۈش تۇگۇل، ئۆزۈڭنىمۇ يورۇتالمايدۇ.

بالىلىرىم، بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ئىش! ئۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ جايىدا ئىشلىتىپ، ئۆزۈڭنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرغىن. جاھان سوراش ئۈچۈنمۇ، خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ، بەختلىك ياشاش ئۈچۈنمۇ ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك. ئادەم بۇ دۇنياغا تۆرەلگەندىن تارتىپ ئەقىللىقلار، بىلىملىكلەر، جاسارەتلىكلەر ياخشى قانۇن - قائىدىلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئەلنى يېتەكلەپ كېلىشتى. بۈگۈنگە قەدەر ئەڭ قەدىرلىك، ھۆرمەتلىك ئورۇن بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدى. ئادەملەرنىڭ يامىنىمۇ ئەقىل تاپسا تۈزىلىدۇ، خەلق ئارىسىدىكى ناچار ئادەتلەرمۇ بىلىم بىلەن تۈزىلىدۇ.

ئەي ئوغلۇم، بۇ دۇنيادا بەختلىك، قەدىر - قىممەتلىك بولۇپ ياشاي دېسەڭ، قولۇڭدىن كېلىشىچە خەلقىڭگە ياخشىلىق قىلىشىڭ لازىمدۇر. بىلگىنكى، ئادەم دېگەن بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىمايدۇ، پەقەت ياخشى ناملا مەڭگۈلۈك قالىدۇ.

مەن ئەۋلادلىرىمغا قىلغان بىر ياخشىلىقىم بولۇپ قالسۇن، ئوقۇغۇچىلار بەھرە ئالسۇن، بەخت ئۈچۈن يول تاپسۇن دېگەن نىيەتتە بۇ كىتابىمنى يېزىپ سۆزلىرىمنى بايان قىلدىم. كىتابىمغا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدۇم. ئۇ ساڭا قۇت كەلتۈرۈپ، سېنى قولۇڭدىن تۇتۇپ نىجاتلىق يولىغا يېتەكلىشىنى تىلەيمەن.

ئوغلۇم، سۆزلىرىمنى سەن ئۈچۈن سۆزلىدىم، نەسىھەتلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم. ساڭا مەندىن ھەر قانچە مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش قالسىمۇ، ھەرگىز بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كۆرمە. پۇل، مال - دۇنيا دېگەن خەجلىسەڭ تۈگەپ كېتىدۇ، يوقىلىدۇ، سۆزلىرىمنى ئىشلەتسەڭ تۈگىمەس بايلىققا ئېرىشىسەن. كىشىدىن - كىشىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ

قالدىغان قىممەتلىك مىراس ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان سۆزدۇر. ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزلەرنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى تۈگىمەستۇر. ئەي ئوغلۇم، ھاياتىڭنى خۇشال - خۇراملىقتا ئۆتسۇن دەيدىكەنسەن، سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقىنىڭكى، ئۆسمۈرلۈك ۋە يىگىتلىك چاغلىرىڭنى ھەرگىز زايە قىلما. ئۆسمۈرلۈك، يىگىتلىك چاغلىرىڭ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، كېيىن ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇنى قەدىرلە. زېھنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان، خاتىرجەم چاغلىرىڭ بولغان ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تىرىشىپ قابىلىيىتىڭنى ئاشۇرساڭ ئۆمۈرلۈك بەخت ئۈچۈن ئاساس سالىسەن.

مانا مەن يىگىتلىك چاغلىرىمنى تۈگىتىپ، قېرىلىققا يەتتىم. ئۆسمۈرلۈك، يىگىتلىك چاغلىرىمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمدىن بەك ئۆكۈنىمەن. بىراق، ئۆكۈنۈش ھەسرەتتىن باشقا مېۋە بەرمەيدىغان قۇرۇق دەرەخ ئىكەن. مانا ماڭا 50 ياش قولىنى تەڭكۈزدى، قۇزغۇندەك قارا چاچلىرىم ئاققۇدەك ئاقاردى، ئەجەل يەتمىسە ئاتمىش - يەتمىشلەرگىمۇ بارارمەن. بىراق، ئادەمنىڭ ھاياتى 60 ھېسابىنى تۈگەتسە، ئۆمرىنىڭ يېرى تۈگەپ قىشقا كىرىدىكەن، ھاياتنىڭ زوقىمۇ تۈگەيدىكەن. ئاتا - ئاناڭغىمۇ قارا، ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن، ياشلىق گۈلىستانىدىن ھۇزۇرلانغان، قېرىلىق كېلىپ ھەممىنى تارتىۋالدى. ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ ھال ساڭىمۇ كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟! ئوبدان ئويلانغىن، مەن ئەسلى سۆزۈمنى باشلاي.

سەن ئەمدى ماڭا ئەگىشىپ ئادالەت دۆلىتىنى زىيارەت قىلغىن. قۇياش خىسلەتلىك شاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۇچراشقىن، بەخت ئەلچىسى ئايتولدى بىلەن سىرداشقىن، ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى ئۆگدۈلمىش بىلەن دوست بولغىن، ئودغۇرمىشنىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىرىدىن ئىبرەت ئالغىن.

# 1. قۇياش خىسلەتلىك شاھ — كۈنتۇغدى ئىلىگ

زامانىمىزدا ئەقىل - ئىدراكتا ئۈستۈن، بىلىم - پاراسەتتە باش بولغان دانا ۋە دانىشمەن بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ نام - شۆھرىتى دۇنياغا تارالغان كۈنتۇغدى ئاتلىق خان ئىدى. ئۇ قارنى - كۆكسى كەڭ، تەبىئىتى دۇرۇس، مىجەزى مۇلايىم، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولغان خاقان ئىدى. ئۇ ئەقىللىق ۋە بىلىملىكلىكى بىلەن يامانلارغا ئوت، دۇشمەنلەرگە ئاپەت ئىدى. ئۇ ئادالەت بىلەن دۆلەت سوراپ پۈتۈن ئەلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئاشۇنداق پەزىلەتلىرى بىلەن كۈن بىلەن ئايدەك جاھاننى يورۇتقان ئىدى. دۆلىتىدە كىم ئەقىلدە كامىل بولسا ئۇنى يېنىغا تارتىپ ئورۇن بەردى، كىم بىلىملىك بولسا ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەزىز قىلدى. شۇنداق قىلىپ كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئوردىسىغا دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك، ئەقىللىق، پاراسەتلىك كىشىلەر توپلانغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دۆلەت ئىشلىرىدا يەنىلا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى، دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرەكلىك ئۈستىگە ئالالايدىغان تېخىمۇ قابىل كىشىلەردىن بىرەرسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى: شاھلىق ئىشى بۈيۈك ئىش، بىراق ئۇنىڭ ئىشىمۇ كۆپ، باش ئاغرىقىمۇ تولا. ئەمما، بۇ ئىشلارنى ماڭا ياردەملىشىپ كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايدىغان ئادەملەرنى تاپماق تولىمۇ قىيىن ئىكەن. ئۆزۈم يالغۇز دۆلەتنىڭ شۇنچە نۇرغۇن ئىشلىرىنى قىلىپ ئايىغىغا چىقالمايمەن. ماڭا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئەقىل ۋە

بىلىمدە باشقىلارغا باش بولالايدىغان ئادەمدىن بىرى بولسا بولاتتى. بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن ئەقىل ئىگىلىرى بىلىپ: ئەلنىڭ ئىشلىرىدا يارامىلىق ياردەمچىڭ بولسا، جەبرىڭ ئازىيىپ قانۇن - تۈزۈم ئوبدان يۈرۈشىدۇ، دېگەنىكەن.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك ياردەمچىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزى يەك تۇرۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق جاپالىق ئىشلىدىكى، ئەلنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئېغىر مېھنەت چەكتى.

شۇنداق ئوغلۇم، ھالاۋەت ئىزدىگەن ئادەم مېھنەت قىلىشى كېرەك. دائىم شادلىق بىلەن قايغۇ - ئەلەم ھەمراھ بولۇپ يۈرۈيدۇ. ئورنۇڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، باش ئاغرىقىڭمۇ كۆپىيىدۇ. باش چوڭايغانسېرى كىيىدىغان بۆكمۇ چوڭىيىدۇ ئەمەسمۇ؟!

شۇنداق قىلىپ كۈنتۇغدى ئىلىگ ئەل ئارىسىغا خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىغا كۆز - قۇلاق بولىدىغان نازارەتچىلەرنى ئەۋەتتى، يارامسىز ئەسكىلەرنى ئەل ئىچىدىن تازىلىدى. ئۇنىڭ شۇنداق سەگەكلىك بىلەن باشقۇرۇشىنىڭ خاسىيىتى بىلەن بەختى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، نام - شۆھرىتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئوغلۇم، ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھوشيار ياشاش ئىنتايىن مۇھىم، دۆلەت ئىشىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئەلنىڭ بەختى ۋە سەلتەنەتىنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئاشۇنداق ھوشيارلىق كېرەك. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

ئويغاقلىق ۋە ساقلىقنى ماختىدى ئەر،
غاپىللىق بىلەن تەر تۇمەنلەپ كۆلەر.
غاپىل بولما ساقلان، پۈتۈن ئىشتا سەن،
تىلە ئىككى دۇنيا بۇ ساقلىق بىلەن.

بىغەملىك ئادەمنى نابۇت قىلىدۇ، سەگەكلىك بىلەن ئادەم ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ساقلىنالايدۇ. بىخۇتلۇق ئەلگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ، ھوشيارلىق سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ.

كۆنتۇغدى ئېلىگ شۇنداق ئويغاق ۋە سەگەك بولۇپ ئادالەت بىلەن ئەل سورىغانلىقى ئۈچۈن ئېلى بېيىدى، قوي بىلەن بۆرە بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى. ئۇنى دوستلىرى قوللىدى، دۈشمەنلىرى باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. ھەر قايسى جايلاردىن ئادالەتنى ياقلايدىغان ئىقتىدارلىق، ئىستىداتلىق كىشىلەر كېلىپ ئەتراپىغا توپلىنىپ پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇشتى.

شۇنداق ئوغلۇم، ئەلدە ئادالەتلىك قانۇن يولغا قويۇلىدىغان بولسا، خەلقنىڭ ھال ـ كۈنلىرى تولىمۇ ياخشى بولىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ياخشى بولسا، ئۇ ئەلنىڭ بەختى.

## 2. ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگىنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى

ئاستانىدىن يىراق بىر يۇرتتا ئايتولدى ئاتلىق بىر كىشى ياشايتتى. ئۇ ئوغلان شۇنداق قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىدىكى، ئەقىل - ئىدراكتا، ئەدەپ - ئەخلاقتا زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى، سۆزلىسە تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى، چىرايلىق ھۆسنىگە قارىغان كىشىنىڭ كۆزى قاماشاتتى. ئۇ كۆڭلىرىنىڭ ئەجىر - تۆھپىسىز، مەنىسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈنتۇغدى ئىلىگىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى: ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىمەنۇ، نېمىشقا كۈنلىرىمنى بۇ يەردە بىكاردىن - بىكار زايە قىلىپ ئۆتكۈزىمەن؟! كۈنتۇغدى ئىلىگنى ئىقتىدار ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئېغىر بېسىق، قابىلىيەتلىك دەپ ئاڭلىۋېدىم. ياخشىلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ياخشىلار بىلىدۇ، بىلىملىكلەرنىڭ قەدرىگىمۇ يەنە شۇ بىلىملىكلەر يېتىدۇ. تەلۋە، نادان كىشىلەر بىلىمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى نەدىن بىلسۇن؟!

ئۇ يۇقىرىقى خىياللىرىدىن كېيىن كۈنتۇغدى ئىلىگىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش قارارىغا كېلىپ، تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. «مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ يات يۇرتقا كېتىپ بارىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، — مۇساپىرلىق، غېرىبلىق دېگەن ئادەم ئۈچۈن بەك ئېغىر ئىش. غېرىبلىق دېگەن نى - نى كىشىلەرنىڭ بېشىنى قايدۇرغان. يات يۇرتتا پۇل - پۇچەك تولىمۇ لازىم بولىدۇ، قولى قىسقا ئادەم سارغىيىپ قالىدۇ. شۇڭا، كۆپرەك ئاقچا ئېلىۋېلىشىم لازىم.» شۇنداق قىلىپ ئۇ پۇلنى يېتەرلىك ئېلىپ يولغا راۋان



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com